# شى جىنپىڭ ئىسپانىيە باش ۋەزىرى سانچېز بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەچتە تەكلىپ بويىچە ئىسپانىيە باش ۋەزىرى سانچېز بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېقىندىن بۇيان ئىسپانىيەدە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كەسكىنلىشىش، يامراش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئاكتىپ نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۈشكۈل باسقۇچتىن ئۆتتى. ھازىر يۇقۇم كۆپ دۆلەت، كۆپ نۇقتىدا قوزغالدى، جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن خەلقئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى ھەم چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، خەلقئارا سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى قوللانغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللايدۇ، ئىسپانىيە نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن كەسكىن ۋەزىيەتنى چۈشىنىدۇ، ئىسپانىيە ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، جۇڭگو - ئىسپانىيە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ساغلاملىقى، بەخت - سائادىتى ھەمدە يەرشارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ كەڭ ساھەدىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئىسپانىيەنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، خاس مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى داۋاملىق كېڭەيتىشنى خالايدۇ. «يامغۇردىن كېيىن ھامىنى ئاپتاپ چىقىدۇ»، ئىشىنىمەنكى، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو - ئىسپانىيە دوستلۇقى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى كۈتىۋالىدۇ.

سانچېز مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىسپانىيە بىلەن جۇڭگو ئەزەلدىن بىر - بىرىنى قوللاپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ كەلدى، بۇ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشتا تولۇق گەۋدىلەندى. ھازىر ئىسپانىيەنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى كەسكىن، جۇڭگو تەرەپ ئىسپانىيەنى ۋاقتىدا جىددىي داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئىسپانىيە خەلقىگە بولغان دوستلۇق مېھرىنى تولۇق نامايان قىلدى، ئىسپانىيە خەلقى بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىدۇ. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى ئىسپانىيەدە تۇرۇشلۇق جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساغلاملىقى، بىخەتەرلىكىنى كۈچىنىڭ بارىچە ياخشى قوغدايدۇ. يۇقۇم خەلقئارا جەمئىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس، ھەرقايسى دۆلەتلەر كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. ئىسپانىيە جۇڭگو تەرەپنىڭ ئېچىۋېتىش پوزىتسىيەسى بىلەن خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىنىڭ ساغلام، ئامان بولۇشىغا تەلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

# شى جىنپىڭ پاكىستان زۇڭتۇڭى ئالۋى بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. يۇقۇم يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىرىنچى ۋاقىتتا خەت ئەۋەتىپ مەندىن ھال سورىدى، بۇ قېتىم يەنە مەخسۇس جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ، جۇڭگو تەرەپنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرساھە بارلىقىنى ئاتاپ، جۇڭگو تەرەپكە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىئانە قىلدى، جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولىدىغان ھەقىقىي دوستلار، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان ياخشى قېرىنداشلار. جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ ئالاھىدە دوستلۇقى تارىخنىڭ تاللىشى بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، يۇقۇم پۈتۈن يەرشارىدا كۆپ نۇقتىدا قوزغالدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، يۇقۇم ئۇچۇرىنى دەل ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دىياگنوز قويۇش، داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى. جۇڭگو تەرەپ يۇقۇمنىڭ دۇنيا مىقياسىدا كېڭىيىپ، يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ، پاكىستان تەرەپنى داۋاملىق مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ پۈتۈن ھاۋارايىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشى مۇستەھكەملەش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بىز پاكىستاننىڭ ئىتتىپاق، مۇقىم بولۇشىنى، گۈللىنىشىنى، قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالايمىز. خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو باشتىن - ئاخىر پاكىستان بىلەن قەتئىي بىر سەپتە تۇرىدۇ، جۇڭگو - پاكىستاننىڭ «جانجىگەر» دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، جۇڭگو - پاكىستان مۇناسىۋىتىنى ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ پاكىستاننىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىشىنى داۋاملىق قوللايدۇ، پاكىستاننىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قوللايدۇ. ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ دائىملىق ئۆزئارا زىيارەت قىلىش ۋە ئۇچرىشىش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە تۈر ھەمكارلىقىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورىنى «بىر بەلباغ، بىر يول» يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ئۈلگە قۇرۇلۇشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدىكى ئالاقە، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا ۋە رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقى، بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ پاكىستان تەرەپنىڭ چېگرىدىكى ئاپەتنى تىزگىنلەشنى داۋاملىق قوللاشنى خالايدۇ.

ئالۋى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم، زور ئاكتىپ نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى، مەن پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن! ئاپەت ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاجايىپ رەھبەرلىك كۈچى، كۈچلۈك سەپەرۋەرلىك كۈچىنى نامايان قىلدى، جۇڭگو خەلقى ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقمىدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ تەجرىبە - ئۇسۇللىرى باشقا دۆلەتلەرنى پايدىلىق ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، جۇڭگو تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ. ئايرىم كىشىلەرنىڭ يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ «نامىنى بۇلغاش» ۋە ئۇنى يەككە قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، ئەمەلگە ئاشمايدۇ. پاكىستان بىلەن جۇڭگو ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولىدىغان «جانجىگەر» قېرىنداشلار، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى. قانچىكى قىيىن پەيتتە، پاكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى شۇنچە نامايان قىلىش كېرەك. پاكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو بىلەن قەتئىي بىر سەپتە تۇرۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشنى خالايدۇ. پاكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئاۋۋالقىدەكلا جۇڭگو تەرەپنى قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پاكىستان - جۇڭگو ئىقتىساد كارىدورىنى ياخشى قۇرۇشنى خالايدۇ. پاكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، خەلقئارادا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئورتاق قوغدايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا گۇۋاھ بولدى.

ئىككى دۆلەت جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ پۈتۈن ھاۋارايىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە باياناتنى بىرلىكتە ئېلان قىلدى.

ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار سۆھبەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار باغچىسى، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخى، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ياڭاق توپ سېتىش سودا بازىرى قاتارلىق جايلاردا، چېن چۈەنگو كىيىم تىكىش، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، خاس مېۋە - چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىغا كىرىپ، ئۆز جايىدا يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشقان نامرات ئامما ۋە كارخانا مەسئۇللىرى بىلەن كىرىم توغرىسىدا مۇڭداشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش توغرىسىدا پاراڭلاشتى، تەرەققىيات توغرىسىدا ئىزدەندى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: نامرات نوپۇس ئىشقا ئورۇنلاشقاندىلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. قەتئىي بوشاشماي كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش كەسپىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى باشلامچى كارخانىلارنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈپ، «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى سىجىل كۈچەيتىپ، نامرات ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مەخسۇس تېمىدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلغان، نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشتا تەۋرەنمەسلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆتكەلگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىرادىسى تېخىمۇ يېتەرلىك بولۇش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى ۋە بىرلا غەيرەتكە كېلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ئۇرغۇپ تۇرغان غەيرەت بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۆلچىمى تېخىمۇ توغرا بولۇش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، قېپقالغان نامرات نوپۇسقا قارىتا ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، سان - سىپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قىلماسلىق كېرەك؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولغانلارغا قارىتا مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتا تېخىمۇ قاتتىق بولۇش كېرەك. قىيىنغا تېگىشلىك «ھەيدەكچىلىك قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھۆددىگە ئېلىش - ئالاقىلىشىش، ياردەم بېرىش - يۆلەشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قېپقالغان نامرات ئائىلىلەرنى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر كەنتكە بىر لايىھە، بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشنى چەكلەپ قويۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىرلىرى تېخىمۇ ئەمەلىي بولۇش كېرەك. «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشانىنى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا قارىتىپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، كۆندە كىرىمى بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولغان ئاممىنىڭ كىرىمىنىڭ ئازىيىپ كەتمەسلىكى، قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مېخانىزمى تېخىمۇ مۇقىم بولۇش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى، سىجىللىقىنى ساقلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى، مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بايلىقلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ بىرلەشتۈرۈپ، قوللاش، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەنتمۇكەنت، ئۆيمۇئۆي ھېساباتقا سېلىشتۇرۇپ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى قەتئىي يېڭىش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ قاتتىق بولۇش كېرەك. ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، خىزمەتتە بوشىشىپ كېتىش، بوشاڭلىق قىلىش، زېھنىنى باشقا ياققا بۇراشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلققە لايىقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا بىر قېتىملىق ئاز سوممىلىق كرېدىت ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قەرز پۇل سوممىسى 80 مىڭ يۈەن ئىچىدە، قەرز پۇل مۇددىتى ئالتە ئاي بولىدۇ، يولغا قويۇش مۇددىتى 2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە بولىدۇ. قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى شۇ مەزگىلدىكى بانكا قەرز پۇلىنىڭ بازاردىكى مەلۇم قىلىنغان باھا ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، ھۆكۈمەت مالىيەسى ئۆسۈمنىڭ 50%نى تولۇقلاپ بېرىدۇ.

«پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: قەرز پۇل يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتكە ئىشلىتىلىدىغان خام ماتېرىيال، ئۈسكۈنە، تاۋارلارنى سېتىۋېلىش، خادىملارنىڭ مائاشى، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت سورۇنىنىڭ ئۆي ئىجارىسى، سۇ، توك ھەققى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك چىقىملارغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۆي سېتىۋېلىش، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئائىلە بۇيۇملىرى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتتىن باشقا چىقىمغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق كرېدىتىدە مەھەللە، ناھىيە (شەھەر، رايون)دىن ئىبارەت «ئىككى دەرىجىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش» تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ناھىيە (شەھەر، رايون)لۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەھەللىلەردە ئايرىم - ئايرىم ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە قەرز بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئاز سوممىلىق كرېدىت خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، تەۋەلىكىدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق كرېدىت ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە قەرز بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى مەخسۇس بېجىرىدۇ. ئاز سوممىلىق كرېدىتقا ئېھتىياجى بار يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئورنى تۇرۇشلۇق مەھەللىدىكى خىزمەت ئىشخانىسىغا قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسى سۇنىدۇ، قەرزنى قەرەلىدە قايتۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق ۋەدە بېرىدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئۈستىگە ئالغان قەرز پۇل ئۆسۈمىنىڭ 50%نى قەرز بەرگەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىغا پەسىل بويىچە تاپشۇرىدۇ؛ ھۆكۈمەت مالىيەسى ئۈستىگە ئالغان 50% ئۆسۈم ياردىمى مەبلىغىنى ئاپتونوم رايون مالىيەسى خامچوت ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناھىيە (شەھەر، رايون) مالىيە تارماقلىرىغا پەسىل بويىچە ئاجرىتىپ بېرىدۇ، ناھىيە (شەھەر، رايون) مالىيە تارماقلىرى قەرز بەرگەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا پەسىل بويىچە ئاجرىتىپ بېرىدۇ. قەرز پۇل مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، مەھەللىلەردىكى خىزمەت ئىشخانىلىرى قەرز بەرگەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىكتە قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. ھەقىقەتەن يەڭگىلى بولمايدىغان ئامىل سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق كرېدىت زىيىنىنى، ناھىيە (شەھەر، رايون)لۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن قەرز بەرگەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى كېڭەشىپ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ناھىيە (شەھەر، رايون)لۇق خەلق ھۆكۈمىتى 80%، قەرز بەرگەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى 20% نىسبەت بويىچە ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تيەن دى مۇنداق بىلدۈردى: يەككە سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى ساقلايدىغان «قىلدام قان تومۇر»، بۇ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاز سوممىلىق كرېدىت سىياستى مەخسۇس يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئۈچۈن «ئۆلچەپ بېكىتىلگەن» بولۇپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

(بېشى 1 - بەتتە)

«كىرىمىم ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىر ئايدا 10 مىڭ يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ، ئىلگىرى بۇنى ئويلاشقىمۇ زادىلا جۈرئەت قىلالمايتتىم، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ تۈرتكىسىدە نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىدىم».

ئاقتۇ ناھىيەلىك سودا ئىشلىرى، پەن - تېخنىكا ۋە سانائەت - ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ساۋ يۈچى مۇنداق تونۇشتۇردى: «ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈش» ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 67 يېزا - كەنت ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىت - نۇقتىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات كەنت مۇلازىمەت پونكىتىدىن 35ى، نامرات ئائىلە پونكىت باشلىقى بولغان مۇلازىمەت پونكىتىدىن 25ى بار بولۇپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىرى بولۇپ قالدى.

ئىگىلىنىشچە، بۈلتۈر، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى جەمئىي 362 يېزا (بازار)، كەنت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىت - نۇقتىسى قۇرغان، بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يەتتە ئېغىر نامرات ناھىيەنى قاپلىغان، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 97 مىڭ 400 ئادەم قېتىم نامرات نوپۇسقا مۇلازىمەت قىلغان بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىنىڭ 83 مىليون 80 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلاتىنى سېتىشىغا ياردەم بېرىپ، كىرىمىنىڭ 17 مىليون 230 مىڭ يۈەن ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى يەنە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو (شىنجاڭ) نامرات رايونلارنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىلىرىنى تونۇشتۇرۇش يەرمەنكىسى ھەم ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تيانشان سەپىرى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 300گە يېقىن سېتىۋېلىش سودىگىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت سۇبيېكتلىرى بىلەن ئۇدۇللىشىشقا تەشكىللەپ، 630 مىڭ توننىغا يېقىن تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسى قىلىپ، نامرات رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.